# روزا تۇتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىق ئەخلاق ۋە چۈشەنچە

بارلىق كائىناتنى يوقتىن بار قىلىپ، ھەممىگە مۇۋاپىق رىزق ئاتا قىلغان جانابى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بىزگە بەرگەن بارلىق نىئمەتلىرىگە مىليۇنلارچە ھەمدىلەر بولسۇن، پەخرى كائىنات پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا ۋە تا قىيامەتكە قەدەر توغرا يولغا ئەگەشكەن سالىھ كىشىلەر مىڭلارچە سالام!!!

ئي ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزنى بۇ مۇبارەك ئايغا ساق- سالامەت، ساغلام ھالدا يەتكۈزگىن، رامىزان ئېيىدا ساڭا خالىس ۋە ھەر ۋاقىت ئىبادەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، بۇ ئايدا بىزنى ئەڭ ياخشى، سېنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە رازى قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن!!! سەن ھەممىگە قادىرسەن، تىلەكلىرىمىزنى قورۇق قايتۇرمىغىن!!! ...

ئىلگىرىكى ماقالىمىزدە خاتىرلەپ ئۆتكۈنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ۋە باشقا بارلىق توغرا يولدىكى كىشىلەر رامىزان ئېيىغا ئىنتايىن بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، رامىزان ئېيىنىڭ كېلىشى بىلەن تولىمۇ خوشال كەيپىياتقا چۆمىلىشەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى رامىزان ئېيىغا ساغلام روھ، ساغلام بەدەن ۋە ياخشى بىر خىل كەيپىيات بىلەن يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تىلەپ كېچە- كۈندۈز دۇئا قىلىشاتتى. رامىزان يېتىپ كەلگەندە كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، روزىنى بۇزىدىغان ياكى ئۇنىڭ بېرىلىدىغان ساۋابىغا نوقسان يەتكۈزىدىغان ھاۋايى- ھەۋەس، ئويۇن- تاماشا، غەيۋەت- شىكايەت، ھەسەت ۋە يالغانچىلىقتا ئوخشاش بولمىغۇر ئىشلاردىن يىراق تۇرىشاتتى. كېچىلىرىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن

ئۆتكۈزۈشەتتى. نامرات، كەمبەغەل، ئاجىز-ئورۇقلارنى سەدىقە ئېھسانلىرى بىلەن يوقلاپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، روزىدارلارنى ئىپتار قىلدۇرۇشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنيالىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، روھلىرىنى ئاللاھنىڭ تائىتىگە يېتەكلىسە، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ يەنى قۇرئان كەرىم ھۆكمىنىڭ، ئۇمۇمەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەق يولىدا جىھاد قىلىشاتتى. ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن بۈيۈك بەدر غازىتى رامىزان ئېيىنىڭ 17- كۈنىدە يۈز بەرگەنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا توپ- توپى بىلەن كىرىشىگە، مەككىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى شەھرىگە ئايلىنىشىغا سەۋەپ بولغان مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىش غازىتىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ 20- كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى.

شۇنداق رامىزان ئېيى بىر قىسىم كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇيقىنىڭ، يارىماسلىقنىڭ، ھورۇنلۇقنىڭ، لىغتاسىلىقنىڭ ئېيى ئەمەس، ئۇ ئىش- ھەرىكەتنىڭ، ئىبادەتنىڭ، جىھادنىڭ ئېيى. شۇڭا ئۇنى خوشاللىق ۋە سۆيۈنچ بىلەن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. نېمىشقا ئۇنداق قارشى ئالمايدىكەنمىز؟!! ئاللاھ تائالا ئۇ ئاينى ئۆزىنىڭ روزىدىن ئىبارەت شۇ ئۇلۇغ ئىبادىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاللىغان، يەنە شۇ ئايدا ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان تۇرسا. جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ تاقىلىدىغان، شەيتانلارغا كىشەن سېلىنىدىغان، ياخشىلىققا ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىلىپ، گۇناھ- مەئسىيەتلەر ئەپۇ قىلىنىدىغان بۇ مۇبارەك ئاي ئۈچۈن قانداقمۇ خوشاللانماي تورالايمىز!!!

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئېنىتايىن روشەن كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ ياشلىق ۋە ساغلام مەزگىلىمىزنى غەنىمەت بىلىشىمىز، ئۇنى ئاللاھقا تائەت ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشىمىز لازىم. بۇ ئاينى چىڭ تۇتۇپ ئاللاھقا بارلىق گۇناھ

مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا سەممىي ۋەدە بېرىش بىلەن بىرگە ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئاخىرىقى ھېسابتا غەلىبىگە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشقا بەل باغلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ» - شۇئەرا سۈرىسى، 88،89- ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ» - ئەھزاب سۈرىسى، 71- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغىنى بويىچە مەيلى رامىزان ياكى باشقا ئايلار بولسۇن ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ئىشلارنى قىلىش، ھارام ۋە مەكرۇھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن» - ھىجىر سۈرىسى، 99- ئايەت.

يەنە مۇنداق دەيدۇ: « (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم ،قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله غىلاخالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن» - ئەنئام سۈرىسى، 162، 163- ئايەتلەر.

بۇ مۇبارەك ئاينى ئاللاھقا سەممىي ئىشەنگەن ھالدا كەسكىن بىر نىيەت بىلەن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. باشقىلارنى دوراپ، ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن دېگەنگە ئوخشاش ئىبلىسچە قاراش بىلەن ئەمەس ھەقىقى قەلبىتىن چىققان رازىلىق تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمان بىلەن قارشى ئېلىش لازىم. يەنى بۇ ئاينى گۇناھتىن، چەكلەنگەن گەپ- سۆزدىن، ھارامغا قاراشتىن، ھارام قىلىنغان يەرگە قاراشتىن، ھارام قىلىنغان

نەرسىنى ئاڭلاشتىن، هارام يېيىش، هارام ئىچىشتىن ساقلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جەھەننەم ئازابىدىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. يەنە رامىزاننىڭ ئەدەب- ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك؛ مەسىلەن، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېيىش، ئىپتارنى قوياش پاتقاننى بايقىغان هامان قىلىش، ياخشى، سالىھ ئىشلارنى كۆپ قىلىش... ۋاھاكازالار. يەنە بىرسى تەرىپىدىن هاقارەت قىلىنسا، ئۇ كىشىنى ئوخشاش هاقارەت قىلغاننىڭ ئورنىغا "مەن روزىدار، مېنى قالايمىقان گەپ- سۆز قىلىشقا زورلىما" دېيىش ۋە يامان سۆزگە ئوخشاش يامان سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرماستىن، روزىنىسىنىڭ ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساغلام شەكىلدە قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ياخشى سۆز قىلىش. يەنە بارلىق ئەمەللەردە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ... قاتارلىق ئىشلار هەممىدىن مۇهىم.

ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناپ يۈرگەن هەر بىر كىشى تەراۋىھ نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام، ساهابىلەر ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ تولۇق ئوقۇشقا تىرىشىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمىكى رامىزان ئېيىدا چىن ئىمان بىلەن نامازغا تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناهلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. - بىرلىككە كەلگەن هەدىس.

رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈننى ناماز، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر قىلىش، دۇئا، ئىستىغفار بىلەن ئۆتكۈزۈش لازىم. بۇنداق قىلىش سۈننەت بولۇپ، بۇ كېچىلەرنىڭ بىرى قەدىر كېچىسىدۇر. يەنە ئۇ كېچىدە ئىبادەت قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئىنسان، 1000 ئايدىن ئارتۇق ئىبادەت قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ خالىسا. ئۇ كېچە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچىدە پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ كېچىدە

ئاللاهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ خالىس ناماز ئۇقۇغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناهلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەپۇ قىلىش پەقەت رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنگە خاس بولۇپ، هەر بىر مۇسۇلمان بۇ ۋاقتنى چىڭ تۇتۇشى، بۇ كېچىلەرنى ناماز، تەۋبە، زىكىر، دۇئا، ئىستىغفار، جەننەتنى

سوراش، دۇزاختىن پاناھلىق تىلەش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا جانابى ئاللاھ ئەمەل- ئىبادەتلەرنى قوبۇل قىلسا، تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلسا، بىزنى ۋە ئاتا- ئانىلىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى جەننەتكە نائىل قىلىپ، جەھەننەم ئازابىدىن يىراق قىلسا ئەجەب ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئونى كىرگەندە بۇ كېچىلەرنى ئويغۇسىز ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۆيىدىكىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا ئويغۇتاتتى. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز لازىم، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر ئىشتا بىزنىڭ بىردىن بىر ئۆلگىمىز.

پەيغەمبىرىمىز رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنى ئىئتىكاف قىلاتتى. بۇ يەردە شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىئتىكاف قىلغان كىشى ئىئتىكاف مەزگىلىدە ئاياللىرىغا يېقىن كەلمەسلىكى لازىم.

رۇزىدار يەنە پۈتۈن رامىزان ۋە باشقا چاغلاردا قۇرئان كەرىمنى پىكىر- تەپەككۇر بىلەن ئوقۇشى لازىم. شۇ ئوقۇغىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىنى دۇنيا - ئاخىرەتتە خار قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ» - تاھا سۈرىسى، 123- ئايەت.

قۇرئان كەرىمنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش، ئۇنىڭ تەرجىمىسى ياكى تەپسىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش تولىمۇ مۇھىم. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇشۇنداق جامائەت سۈپىتىدە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ.

رۇزىدار كىشى كېچە- كۈندۈز دۇئا بىلەن بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، "كىمكى ماڭا دۇئا قىلىدىكەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت

قىلىمەن، كىمكى مەندىن بىر نەرسە سورايدىكەن ئۇنى بىرىمەن، كىمكى مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىكەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن" دەيدۇ. مۇسلىم رىۋايىتى.

رۇزىدار ۋاقىتتا، بولۇپمۇ ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر. ئاللاھ تائالا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)»غافىر سۇرىسى، 60- ئايەت.

خۇلاسە: بۇ مۇبارەك رامىزان ئايدا، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ قىسقىغىنە ھاياتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشى لازىم.